# گىرىم بويۇملىرىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى


تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2014 - 1436

IslamHouse.com

# حكم بيع أدوات التجميل

« باللغة الأويغورية »


اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني



2014 - 1436

IslamHouse.com

# گىرىم بويۇملىرىنى سىپتىشنىڭ ھۆكمى

٦٧٧٤٥ ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئاياللار سىرتقا چىققاندا باشقا يات ئادەملەرنىڭ كۆرۈشى ۋە پۇرىشى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەتىر، زىبۇ-زىننەت، گۈزەللەشتۈرۈش بۇيۇملىرى ۋە كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

يۇقىرىدىكى سوئالدا زىكىر قىلىنغان بۇ تۈردىكى بۇيۇملارنى سېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل تەپسىلى كۆزقاراشلارنى بايان قىلىمىز:

١ ـ سىز بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالغۇچى خېرىدارلارنىڭ بۇ نەرسىلەرنى يات ئادەملەرگە گۈزەل كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئىستىمال قىلىشىنى بىلىپ تۇرۇپ ساتسىڭىز دۇرۇس بولمايدۇ.

٢ـ ئەگەر سىز بۇ بۇيۇملارنى ئىسلام كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن توغرا يولدا ئىستىمال قىلىدىغان خېرىدارلارغا ساتسىڭىز دۇرۇس بولىدۇ.

٣ـ ئەگەر سىز ئۇ خېرىدارلارنىڭ مەزكۇر بويۇملارنى قايسى ھالەتتە ئىستىمال قىلىشىدىن خەۋەرسىز بولسىڭىز ئۇ ۋاقىتتىمۇ سېتىش دۇرۇس بولىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتىدىن: بەزى دۆلەتلەردە ئومۇملىشىپ كەتكىنىدەك بۇ نەرسىلەرنى كوچىلاردا يات ئادەملەرگە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۇچۇن قوللىنىشىنى بىلىپ تۇرۇپ (بەزى بويۇم ۋە كىيىم-كېچەكلەر خۇددى ئايالللار ئەرلەرنىڭ ئالدىدا نامايەندە بولغىنىدەك ئىپادىلەپ بېرىدۇ) زىننەت ۋە گىرىم بويۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: ئەگەر تىجارەت قىلغان ئادەم خېرىدارلارنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ئالالاھ چەكلىگەن يوللاردا ئىستىمال قىلىشىنى بىلسە سېتىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش گۇناھـمەسىيەتكە ياردەملىشىش جۈملىسىدىن بولىدۇ. ئەمما ئەگەر سېتىۋالغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېرى ئۇچۇن ئىستىمال

قىلىشنى بىلسە ۋە ياكى ئۇنىڭ قايسى ھالەتتە ئىستىمال قىلىشنى بىلمىسە، مانا بۇ ۋاقىتتا مەزكۇر نەرسىلەرنى سېتىش دۇرۇس بولىدۇ. [ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى (١٣/ 67).
ھەممىنىڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھدۇر.